
# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
# پەرمانى

## 217 ـ نومۇرلۇق

2020 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 102 ـ دائىمىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسى» نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى، بۇنى ئېلان قىلدىم، 2021 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى



2020 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ چارە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەتنى يېنىكلىتىش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاسادىپىي ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش قانۇنى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «يەر تەۋرەشنى كۆزىتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى يېرىك پىلانى، قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇچۇر ئېلان قىلىش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردە تەدبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** بۇ چارىدە دېيىلگەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى تەۋرىنىش دولقۇنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان رايونغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئەسلىھەسى، ئۈسكۈنىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ رايونغا ئالدىن سىگنال ئۇچۇرى تارقىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىدە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار ماسلىشىش، جەمئىيەت قاتنىشىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش ئېلان قىلىش

خىزمەت مېخانىزمى يولغا قويۇلىدۇ.

**5 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشتىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تۇتاش ھەل قىلىدۇ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى، يۈرگۈزۈشنى باشقۇرۇشنى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنى يېنىكلىتىش يىرىك پىلانىغا كىرگۈزىدۇ، كېتەرلىك خىراجەت شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنى يېنىكلىتىش مەخسۇس خىراجىتىدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇل تارمىقى ياكى ئاپپاراتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى دېيىلىدۇ) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مالىيە، سۇچىلىق، سەھىيە ـ ساغلاملىق، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشكە دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**7 ـ ماددا** جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشىغا، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئىشلىشىگە، نەتىجىلەرنى قوللىنىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا قانۇن بويىچە قاتنىشىدۇ.

**8 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر تەۋرەش

خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى جەمئىيەتتىكى ئاممىغا يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش بىلىملىرى توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى ۋە يەر تەۋرەشتە جىددىي خەۋپتىن ساقلىنىش، تارقاقلاشتۇرۇش مانېۋىرىنى ياخشى قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرى ۋە بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

كەنت (مەھەللە) ئاھالە كومىتېتى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشتىكى جىددىي تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملىشىشى كېرەك.

گېزىت ـ ژۇرنال، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى قاتارلىق ۋاسىتىلەر يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش بىلىملىرىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىقى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

## 2 ـ باب  يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى يېرىك پىلانى ۋە قۇرۇلۇشى

**9 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، دۆلەت يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانى ۋە تېخنىكا تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋەرشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن تەشكىللەپ يولغا قويۇشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۆزىتىش پونكىتى سىستېمىسى، خەۋەرلىشىش تورى سىستېمىسى، ئۇچۇرنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، ئۇچۇر ئېلان قىلىش ۋە تارقىتىش سىستېمىسى، تېخنىكا مەدىتى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

**11 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى رايوندىكى ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)لەرنىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن تەشكىللەپ يولغا قويۇشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى قۇرۇشقا تەشكىللىشى كېرەك، ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەردىكى يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىدۇ.

يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش تورىنى قۇرۇشتا، ھازىرقى ھەر تۈردىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىلىرىنىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى قۇرۇش،

يۈرگۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان يۇمشاق ماتېرىياللار ۋە ئۈسكۈنىلەر، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلار، قوللىنىشلار دۆلەت ئۆلچىمى ۋە ساھە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** يەر تەۋرەش، تۆمۈريول، نېفىت خىمىيە سانائىتى، سۇچىلىق قاتارلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلار ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كان، سۇ ئامبىرى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن بەرگەن سىگنالنى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلارنى قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارمۇ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش مەخسۇس سىستېمىسىنى قۇرسا بولىدۇ. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش مەخسۇس سىستېمىسىنى قۇرۇش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشقا يوللىشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** جەمئىيەتتىكى كۈچلەر قۇرغان يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئىستانسىسى (نۇقتىسى)، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قۇرغان يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش مەخسۇس سىستېمىسى دۆلەتنىڭ ئالدىن سىگنال بېرىش قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا بولىدۇ.

**16 ـ ماددا** يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى يەر تەۋرەشنى نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىدىغان رايوندىكى مەكتەپ، دوختۇرخانا، بېكەت، ئايرودۇرۇم، تەنتەربىيە مەيدان ـ سارىيى، كىنو ـ تىياتىرخانا، سودا مەركىزى، مۇزېي، كۇتۇپخانا، ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كىشىلەر زىچ توپلاشقان مەيدان ـ سارايلارغا يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئاڭلىتىش قۇرۇلمىسىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەمدە ئۇنىڭ جىددىي

بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت تەمىنلىشى كېرەك.

ئىشلەتكۈچى ئورۇن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئاڭلىتىش قۇرۇلمىسىنى يۈرگۈزۈش، ئاسراشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**17 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر يىل سىناق تەرتىپسىدە يۈرگۈزۈشى كېرەك. سىناق تەرتىپسىدە يۈرگۈزۈش ئاياغلاشسا ھەمدە دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولسا، رەسمىي يۈرگۈزسە بولىدۇ.

## 3 ـ باب يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

**18 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھوقۇق بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش ئېلان قىلىدۇ.

باشقا ھەر قانداق ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەر قانداق شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**19 ـ ماددا** ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى ئالدىن مۆلچەرلەنگەن يەر تەۋرەش تەسىر دەرىجىسى 6 بالدىن يۇقىرى رايونغا يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرىنى تارقىتىشى كېرەك.

يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش شارائىتى، دائىرىسى، شەكلى دۆلەت ياكى يەرلىكنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. يەر

تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنىڭ مەزمۇنى يەر تەۋرەش مەركىزى، تەۋرەش دەرىجىسى، تەۋرىگەن ۋاقتى، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش دولقۇنىنىڭ يېتىپ بارغان ۋاقتى، يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىن مۆلچەرلىگەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، كۆچمە خەۋەرلىشىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئاممىغا ئېلان قىلىشى كېرەك.

بېكىتىلگەن ۋاستىلەر يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى جەمئىيەتكە ۋاقتىدا، توغرا، ھەقسىز ئاڭلىتىشى كېرەك.

**21 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق ئورۇنلار ئاپتونوم رايوندىكى يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقىدىن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى زاكاز قىلسا بولىدۇ.

**22 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ۋاقتىدا يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيىتى بويىچە يەر تەۋرىش ئاپەتكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلار ۋە باشقا ئېغىر ئەگەشمە ئاپەتنى كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقى بولغان قۇرۇلۇشلارنى قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ساھە بەلگىلىمىسى، تېخنىكا قائىدىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش لايىھەسىگە ئاساسەن جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

يەر تەۋرەشنى نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىدىغان رايوندىكى مەكتەپ، دوختۇرخانا، بېكەت، ئايرودۇروم، تەنتەربىيە مەيدان ـ سارىيى، كىنو ـ

تىياتىرخانا، سودا مەركىزى، مۇزېي، كۇتۇپخانا، ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كىشلەر زىچ توپلاشقان مەيدان ـ سارايلارنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلار يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ ھامان مۇناسىپ خەتەردىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** تېخنىكا قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاتا تارقىتىپ قالغان يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى ۋاقتىدا تۈزىتىشى، بىكىتىشى كېرەك؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ تەسىرىنى تۈگىتىشى كېرەك.

## 4 ـ باب  كاپالەت تەدبىرى

**24 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە ئورۇنلارنى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى قۇرۇشقا، يۈرگۈزۈشكە تەشكىللەپ، زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش يېرى، خەۋەرلىشىش، توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كاپالەتلەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

**25 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى يۈرگۈزۈش ئەھۋالىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك.

يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانى رايونىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئەسلىھەسى ۋە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۆزىتىش مۇھىتىنى قوغداشنى كۈچەيتىشى كېرەك، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئەسلىھەسى ۋە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۆزىتىش مۇھىتى بۇزۇۋېتىلگەنلىرىنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللىشى كېرەك.

ھەر قانداق تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەرنىڭ يەر تەۋرەش ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا، بۇزۇۋېتىشىگە، چۇۋۇۋېتىشىگە، ئۆز مەيلىچە يۆتكىۋېتىشىگە ياكى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۆزىتىش مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**26 ـ ماددا** يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنى قوبۇل قىلىش ـ تارقىتىش قۇرۇلمىسىنى ھەقىقەتەن يۆتكەشكە توغرا كەلگەنلىرىنى تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر، رايون)نىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقىغا ئالدىن خەۋەر قىلىشى كېرەك، تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە (شەھەر، رايون)دىكى يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى دەرىجە بويىچە يۇقىرىغا يوللايدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەپ كۆچۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

## 5 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**27 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئۈچۈرلىرىنى جەمئىيەتكە ئۆز مەيلىچە ئېلان قىلىپ، ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قانۇن بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**28 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلىۋالغان، بۇزۇۋەتكەن، چۇۋۇۋەتكەن، ئۆز مەيلىچە يۆتكىۋەتكەن ياكى يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۆزىتىش مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزگەنلەرنى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەتنى يېنىكلىتىش قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**29 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى مەسئۇل تارمىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارمىقىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىدە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇلىغا ۋە باشقا جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**30 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام ئىجرا قىلىنىدۇ.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پىرىنسىپ

**31 ـ ماددا** بۇ چارە 2021 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.